# شنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 10 ـ ئاي
4
جۈمە
维吾尔文 10 月4日

新疆日报网: www.xjdaily.com شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  24838 ـ سان  بۈگۈن 4 بەت


### بېلگىيەدە ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان مۇشۈكئېيىقنىڭ تۇغقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

# شى جىنپىڭ بېلگىيە پادىشاھى فىلىپ بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** بۇ يىل 8 ـ ئايدا، بېلگىيەدە ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان مۇشۈكئېيىق «خاۋخاۋ» ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىككىنى تۇغدى. يېقىندا، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بېلگىيە پادىشاھى فىلىپ بىلەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئىككى مۇشۈكئېيىق بالىسىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى ئورتاق تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ. ئۇلارنىڭ جۇڭگو ـ بېلگىيە دوستلۇقىدىكى يېڭى داستانغا ئايلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مەن جۇڭگو ـ بېلگىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، پادىشاھ فىلىپ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، جۇڭگو ـ بېلگىيە ئومۇميۈزلۈك دوستلۇق ھەمكارلىق ـ ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايمەن.

پادىشاھ فىلىپ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئىككى مۇشۈكئېيىق بالىسىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى بىر چوڭ خۇش خەۋەر. مەن بېلگىيە ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ نۇرغۇن ساھەدىكى ياخشى ھەمكارلىقىنى يۈكسەك تەرىپلەيمەن.

# چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونىمىزدىن دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكەنلەر ھەم ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى ۋە ئورۇنلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى

### شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن كۆرۈشۈشتە بىللە بولدى



10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر قاتارلىق رەھبەرلەر ئۈرۈمچىدە شەرەپ قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن ئاپتونوم رايونىمىزدىن دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكەن قەھرىمان نەمۇنىچىلار ھەم ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى ۋە ئورۇنلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى. □مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگۇيي** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئۈرۈمچىدە شەرەپ قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن ئاپتونوم رايونىمىزدىن دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكەن قەھرىمان نەمۇنىچىلار ھەم ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى ۋە ئورۇنلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى.

شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ۋاڭ مىڭشەن، رېن خۇا كۆرۈشۈشتە بىللە بولدى.

دۆلەت شەرىپى نامى مېدالى چاقناپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر «خەلق ئۈلگىسى» دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكەن بۇرماقان مولدۇ، «خەلق قەھرىمانى» دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكەن غەيرەت ماموتنىڭ تۇغقانلىرى ۋەكىلى قاتارلىقلار بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ، سەممىي پاراڭلاشتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىقە ۋاكالىتەن ئۇلارنى قىزغىن تەبرىكلىدى، چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى ھەم ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى.

چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامى بېرىش مۇراسىمى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى ئالدىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى، باش شۇجى شى جىنپىڭ دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكۈچىلەرگە ئۆزى ئوردېن، مېدال بەردى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى، بۇ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قەھرىمان نەمۇنىچىلارغا قىلغان سەممىي غەمخورلۇقىنى تولۇق نامايان قىلدى. قەھرىمان نەمۇنىچىلارنى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمدە مۇكاپاتلاش قەھرىمانلارغا كۆڭۈل بۆلۈش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمى

### ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□**خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

تارىخ چاقى توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، دەۋر ئېقىمى ھەيۋەتلىك ئۆركەشلەيدۇ.

«بۈگۈنكى كۈندە، سوتسىيالىستىك جۇڭگو دۇنيانىڭ شەرقىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈردى، ھېچقانداق كۈچ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئورنىنى تەۋرىتەلمەيدۇ، ھېچقانداق كۈچ جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ.» جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن يېڭى جۇڭگو 70 يىلدا قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مەدھىيەلەپ، داۋاملىق خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنى ياخشى مۇستەھكەملەش، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەتئىي ئىشەنچىسىنى مەردانىلىك بىلەن جاكارلاپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئارزۇغا ئىنتىلىپ ئالغا ئىلگىرىلەش غايەت زور قىزغىنلىقىنى قوزغاتتى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يەنە مۆجىزە يارىتىش ئۇلۇغۋار غايىسى، جەسۇرانە ئىرادىسىنى ئۇرغۇتتى.

يېڭى جۇڭگونىڭ 70 يىلى نېمىدېگەن شانلىق ـ ھە! 70 يىلدىن بۇيان، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامەت ئاران 27 دوللار بولۇشتىن مۇقىم ھالدا دۇنيادىكى 2 ـ چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلىنىشقىچە؛ «بىر تراكتورنىمۇ ياسىيالماسلىق»تىن دۇنيادىكى ئەڭ مۇكەممەل سانائەت سىستېمىسىغا ئىگە بولۇشقىچە؛ نامرات، قالاق، ھەممە ئىشنى قايتىدىن باشلايدىغان ھالەتتىن دۇنيادىكى 1 ـ چوڭ تاۋارمال سودىسى دۆلىتى، 1 ـ چوڭ تاشقى پېرېۋوت زاپىسى دۆلىتىگە ئايلىنىشقىچە... جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، «مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار»نى بىر ـ بىرلەپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان مۆجىزىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ياراتتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### تارىم نېفىتلىكىدە

# يەنە 100 مىليارد كۇب مېتىر دەرىجىلىك چوڭ گازلىق بايقالدى

مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: پۈتۈن مەملىكەت خەلقى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خۇشال تەبرىكلەۋاتقان پەيتتە، 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى تارىم نېفىتلىكىنىڭ بوز 9 ـ نومۇرلۇق قۇدۇقىدىن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سانائەت نېفىت ـ تەبىئىي گازى ئېلىندى، كۈندىلىك تەبىئىي گاز ئېلىش مىقدارى 418 مىڭ 200 كۇب مېتىر، ئۇيۇغان نېفىت ئېلىش مىقدارى 115.15 كۇب مېتىر بولۇپ، ئۇ تارىم نېفىتلىكىدىكى جۇڭچيۈ 1 ـ نومۇرلۇق قۇدۇقىدا 100 مىليارد كۇب مېتىر دەرىجىلىك چوڭ گازلىق بايقالغاندىن كېيىن، تيانشاننىڭ جەنۇبىدا بايقالغان يەنە بىر 100 مىليارد كۇب مېتىر دەرىجىلىك چوڭ گازلىق بولۇپ قالدى.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بوز 9 ـ نومۇرلۇق قۇدۇقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۇچا ئولتۇرۇشمىسىدىكى قاراسۇ قۇرۇلما بەلبېغىدىكى ئالدىن چارلاش قۇدۇقى ئىكەن. بۇ قۇدۇق 2017 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بۇرغىلىنىشقا باشلانغان، بۇ يىل 3 ـ ئايدا بۇرغىلاش تاماملانغان بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 7880 مېتىرغا يېتىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭقۇر قۇدۇق ئىكەن. بوز 9 ـ نومۇرلۇق قۇدۇقنى بۇرغىلاپ چارلاش جەريانىدا، تارىم نېفىتلىكىدىكى پەن تەتقىقات خادىملىرى بوز ـ چوڭ شىمال گازلىق رايونىدىكى يۇقىرى سۈرئەتتە بۇرغىلانغان قورام تاش جىنسى، تۆۋەن سۈرئەتتە بۇرغىلانغان بوش چۆكمە يەر قاتلىمى رايونلارغا ئايرىپ، بەلباغلارغا ئايرىپ، باسقۇچقا ئايرىپ ئىنچىكە پارچىلاپ تەكشۈرۈش ۋە مەخسۇس تېمىدا تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، تېيىز قاتلامدىكى شېغىل قاتلىمىنى تېشىپ ئۆتەلمەسلىك، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭقۇر غايەت قېلىن تۇز قاتلىمىدا بۇرغا قىسىلىپ قېلىش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي  بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

### ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن پۇختا، ياخشى پايدىلىنىپ

# ئاپتونوم رايونىمىز ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ كونترول قىلىش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتتى

**گېزىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋىرى** «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۇبېركۇليوز كېسىلى ئاغرىقلىرىنى قوزغاتقۇزۇش، داۋالاش مەسىلىسىنى كۈچەپ ياخشى ھەل قىلىشنى باش تېما تەربىيەسىدە بېكىتكەن «3+3+1» تىكى ئەمەلىي ئىشلارنىڭ بىرى قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك سەھىيە ـ ساغلاملىق تارماقلىرىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەردەكەتلىنىپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك داۋالاش، داۋالاشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق داۋالاش، مەركەزلەشتۈرۈپ ئايرىپ داۋالاش قاتارلىق بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي قاتلامغىچە ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاپ راۋاجلىنىشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ماھىيەتتىن تۈزەش مېخانىزمى ئورنىتىشنى كۆزلەپ، يىلتىزىدىن داۋالاش نىشانىغا يەتتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش

# كۆرەش قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ گۈزەل دەۋر سەھىپىسىنى پۈتىمىز

### ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

**گېزىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋىرى** باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر ـ يېزا ئاساسىي قاتلاملىرىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار، ئامما ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ شانلىق قىرغىقىغا قاراپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، كۆرەش قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ گۈزەل دەۋر سەھىپىسىنى پۈتىمىز.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### مەنزىرە رايونلىرى، مەنزىرە نۇقتىلىرىدا تۈرلۈك پائالىيەتلەر ئارقىلىق دۆلەت بايرىمى تەبرىكلەندى

# مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا جەم بولدى



### باغراش كۆلى ساياھەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى كۈتۈۋالدى

10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، باغراش ناھىيەسىنىڭ باغراش كۆلى داخېكوۋ مەنزىرە رايونىدىكى 200دىن ئارتۇق بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق مەنزىرە رايونىنى قۇتلۇق تۈسكە كىرگۈزۈپ، نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى. شۇ كۈنى، باغراش كۆلى داخېكوۋ مەنزىرە رايونىدىكى ساياھەتچى 10 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى. □خې ياڭ فوتوسى

مۇخبىرىمىز **رېن جياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: كۈز يامغۇرى، سوغۇق شامال مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ قەدىمىنى توسۇپ قالالمىدى، دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىشنىڭ ئالدىنقى ئۈچ كۈندە، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى چوڭ مەنزىرە رايونلىرى، مەنزىرە نۇقتىلىرىدا ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، بايراملىق ساياھەت بازىرى قىزىپ كەتتى.

يېڭى جۇڭگونىڭ 70 يىللىق تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش، ئانا ۋەتەنگە بەخت تىلەش دۆلەت بايرىملىق دەم ئېلىش مەزگىلىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا ئايلاندى، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى چوڭ مەنزىرە رايونلىرى، مەنزىرە نۇقتىلىرى بەس ـ بەستە تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلىدى.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى ساياھەتچىلەر يىغىلىش ـ تارقىلىش مەركىزىدە ئادەم دولقۇنى مەۋج ئۇرۇپ تۇردى، بېلەت سېتىش زالىدىكى LED ئېلېكترونلۇق چوڭ ئېكراندا

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)